شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 12 - ئاي
23
چارشەنبە
维吾尔文 12 月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报社出版
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25284 - سان　بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بېنياڭ بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى بېنياڭ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن بۇ يىل يولداش باش شۇجى بېنياڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم تېلېفونلاشقىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. لائوس پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش باش شۇجى بېنياڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، لائوسنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى مۇقىم بولدى، ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن يولداش باش شۇجى بېنياڭ بىلەن

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يېڭى باشلىنىش　يېڭى مۇساپە

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، تىرىشىپ پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا چېن چۈەنگو، سارقىت ئاقان، جاۋ چىڭ، ليۇ سۇشې ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە تۈرتكە بولۇشنىڭ نەزەرىيە جەۋھىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تۈپ مىزان. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، تىرىشىپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلايلى

— مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

كېلەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە مۇھىملىققا ئىگە بىر يىل بولۇپ، «14 - بەش يىل»نى باشلاش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى ئېچىش، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى تەرەققىيات چوڭ يۈزلىنىشىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزلەپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلپى ۋە سىياسەت يۆنىلىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

«14 - بەش يىل» دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدىغان، يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرىدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان باسقۇچ، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنى جەزمەن چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەككى، بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش يۈزبېرىۋاتىدۇ، بۇ ھەم بىر قاتار يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ھەم بىر قاتار يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. پەقەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۇرسەت ئېڭى، خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلىغىلى بولىدۇ.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «14 - بەش يىل»دىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىش كېرەك، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى، تەرەققىيات مۇھىتى، تەرەققىيات شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئىلمىي ھۆكۈم. بۇ قېتىمقى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: قىممەتلىك ۋاقىت كۆزنىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلدى

شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»غا نەزەر

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېيىڭ جو

يان تېلېفوننى ئاچسىلا تەكشۈرۈش كەچۈرۈم قىلىنغان ئاپتوموبىللارغا موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش بەلگىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغىلى بولىدۇ، ئاپتوماتىك قوبۇل قىلىش تېرمىنالىدا نەچچە مىنۇتتىلا كىملىكنى تولۇقلاپ بېجىرگىلى بولىدۇ، قوشنىلار ئارىسىدىكى ماجىرانى ئولتۇراق رايوندىلا مۇرەسسە قىلغىلى بولىدۇ…

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى سىنىلىپ، تەدبىرلەردە يېڭىلىق يارىتىلىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچى بېغىشلىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ رولى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش سەۋىيەسى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈلۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى

«ھازىر قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە تارتىپ، بارماقنى مىدىرلىتىپ قويۇپلا يان تېلېفوندا بېجىرگىلى بولىدىغان بولدى.» 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قار يېغىپ يول تېيىلغاق بولغانلىقتىن، يېنىك قاتناش ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى فەن جىگاڭ «قاتناش باشقۇرۇش 12123» يېنىك قاتناش ھادىسىسىنى تېز بىر تەرەپ قىلىش مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئارقىلىق، ئالاقىدار ئىشلارنى بېجىرىپ، «ئالقان مۇلازىمىتى»نىڭ قولايلىقلىقىنى، يۇقىرى ئۈنۈملۈكلۈكىنى ھېس قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارغا 891 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقاتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا**، پىراكتىكانت **ئاراشجاپ پامان**ىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغانلارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلارغا جەمئىي 891 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىلىپ، 80 مىڭدىن ئارتۇق كارخانىغا نەپ يەتكۈزۈلگەن.

بۇ يىل تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ «ئىشسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى پائال قوللىنىپ، خادىم قىسقارتمىغان، ئاز قىسقارتقان كارخانىلارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنى قايتۇرۇپ بەرگەن؛ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغانلارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئوتتۇرا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

كەسپلەر باغچىسىدا نان يېقىش بىلەن ئالدىراش بولۇش

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئىشچىلار چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى شىيۈ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدا نان راسلىماقتا. بۇ كەسپلەر باغچىسى 9 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، نۆۋەتتە، كۈنىگە 8000دىن ئارتۇق ھەر خىل نان يېقىلىدىغان بولۇپ، 63 كەنت ئاھالىسىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

☐ خۇا يەنمىڭ فوتوسى

ئەڭ يۇقىرى قىممەت بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى

شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ توك ئىشلىتىش يۈكى تارىختىكى يېڭى رېكورت ياراتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 21 دە، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ پەيتلىك توك ئىشلىتىش يۈكى 37 مىليون 170 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، تارىختىكى يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، بۇلتۇرقى ئەڭ يۇقىرى يۈكى 33 مىليون 570 مىڭ كىلوۋاتتىن 10.7% ئاشقان.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇلتۇرقى ئەڭ يۇقىرى يۈك ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ توك ئىشلىتىش يۈكى 7.7% ئاشقان، شىمالىي شىنجاڭنىڭ توك ئىشلىتىش يۈكى 5.8% ئاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئېشىش سۈرئىتى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان. نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ ئايلىنىشى بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىشى تەرتىپلىك بولۇۋاتىدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

扫码下载
石榴云
客户端

天山网 www.ts.cn　石榴云　新疆日报
新 疆 报 业 传 媒 集 团

مەھەللىلەردە «قىزىل كىيىملىك پىدائىيلار» ھەرىكەتكە كەلدى

5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى
ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ جىك

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر كوچىسى تۆۋەنكى بازارباغ مەھەللىسىگە بارسىڭىز، «قىزىل كىيىملىك پىدائىيلار»نىڭ كۆزنى ئەڭ قاماشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

«توختاپ تۇرۇڭ، ئاۋۋال چېچىمنى تارىۋالاي، پىدائىيلار مۇلازىمىتىدە ‹كېلىشكەن بولۇش›نى قوغلىشىمىز، مۇكاپات ئېلىپ سۈرەتكە چۈشكەندىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلساق بولمايدۇ.» 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەھەللە كادىرلىرى «ئەڭ گۈزەل مېھىر - شەپقەت پىدائىيلىرى» ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى، بۇ يىل ئىككىنچى قېتىم مۇكاپاتلانغان زىبىڭ چۈەنيۇۋ چېچىنى تاراپ، يەنە پىدائىيلار قىزىل يەڭ بەلگىسىنى ئوڭشۇۋېلىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

يىل بېشىدا، مەھەللە پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىنى تەشكىللەپ قۇرغاندا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ تىزىملاتتى. ئۇ شوپۇرلۇق تېخنىكىسىغا پىششىق ئىدى، بوش ۋاقتى بولسىلا، ھامىلدار ئاياللارنى ھامىلىنى تەكشۈرتۈشكە ئاپىرىپ ئەكەلدى، ۋاكالىتەن سۇ، توك سېتىۋالدى، ياشانغانلارغا قان بېسىم ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ بەردى، ئاغرىقلارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويدى، جىددىي تېز يوللانمىلارنى ئالدى…

بۇ مەھەللىدە زىبىڭ چۈەنيۇۋغا ئوخشاش پىدائىيدىن 1000دىن ئارتۇقى بار. «مەھەللە كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق ئائىلىسى، بۇ سۇپىدا كۆپچىلىك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغاندا، مەن قىممەت تۇيغۇسى ۋە مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا تولىمەن.» زىبىڭ چۈەنيۇۋنىڭ ئېيتىشىچە، ياردەمگە ئېرىشكەن ئاھالىلەر ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ، جاپا چەكتىڭىز دەپتۇ، بەزىلىرى يەنە قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاپتوموبىلىغا مېۋە - چېۋە ۋە ئىچىملىكلەرنى سېلىپ قويۇپ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)